# شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报 · شىنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 2 - ئاي

17

دۈشەنبە

维吾尔文 2 月17日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى  新疆日报网: www.xjdaily.com

مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65—0002/—W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57  ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com  24974 - سان  بۈگۈن 2 بەت


## چوڭ جەڭدە ئەسلىي مەقسەت، بۇرچنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، چوڭ سىناقتا لاياقەتلىك جاۋاب قەغىزى تاپشۇرايلى

□ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاشنى ياخشى ئىشلەش، ھەم بىر قېتىملىق چوڭ جەڭ، ھەم بىر قېتىملىق چوڭ سىناق.

2 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئېچىپ، ھازىرقى يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇم ۋەزىيىتىنى تەھلىل قىلدى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى كۈچەيتىشنى تەتقىق قىلدى، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى، ھۆكۈمەتلەر ۋە ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ، سىناققا بەرداشلىق بېرىپ، ھەم مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىش جاسارىتى، ھەم ئىلمىي ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش پاراستى،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلايلى

# جەددىي پەيتتە خىسلەتنى نامايان قىلىش «يۇقۇم»غا قارشى تۇرۇشنىڭ بىرىنچى سېپىدە قىپقىزىل پارتىيە بايرىقىنى جەۋلان قىلدۇرۇش

### —— پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدىكى ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ پارتىيە ئەزالىرى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىنى جاسارەت بىلەن ياخشى قىلماقتا

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى لىن خۇي، خەلق گېزىتى مۇخبىرى مېڭ شياڭفۇ

ئۇشتۇمتۇت يۈزبەرگەن بىر قېتىملىق يۇقۇم ئۆيگە قايتىدىغان نۇرغۇن قەدەملەرنى ئۈزۈپ قويدى، نۇرغۇن كۈندىلىك تۇرمۇشنى قالايمىقانلاشتۇردى.

يۇقۇم ئالدىدا، بىرلا بۇيرۇق بىلەن سانسىزلىغان ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى تېزدىن «ئۇرۇش ۋاقتى» ھالىتىگە كىردى، سانسىزلىغان كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزالىرى ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش جەڭ مەيدانىغا جەددىي ئاتلاندى، بىرىنچى سەپتە ئاۋۋال ئاتاكىغا ئۆتۈپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، يىمىرىلمەس مۇستەھكەم پولات ئىستىھكاملارنى قۇردى.

ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتىدىن ئىبارەت بۇ مۇستەھكەم قورغان، كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزالىرىدىن ئىبارەت بۇ ئالاھىدە توپ ھەربىر قېتىم ئاچقۇچلۇق پەيتتە سىناقلارغا بەرداشلىق بەرگەن، مەسئۇلىيەتچانلىقنى نامايان قىلغان، ھەربىر قېتىم كەڭ خەلق ئاممىسىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، جەددىي ۋەزىيەتنى ئوڭشىغان، توسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلىغان.

ھازىر بۇ مەيدان ئىس - تۈتەكسىز جەڭدە، ھەربىر جەڭگىۋار قورغان مەزمۇت قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا، ھەربىر كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزاسى كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقماقتا، قىپقىزىل پارتىيە بايرىقى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنىڭ بىرىنچى سېپىدە ئېگىز جەۋلان قىلماقتا.

يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈزبەرگەندىن بۇيان، باش شۇجى شى جىنپىڭ يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، ئۆزى قوماندانلىق قىلىپ، ئۆزى ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، بىر قاتار مۇھىم يوليورۇقلارنى بېرىپ، كۆپ قېتىم رىياسەتچىلىك قىلىپ يىغىن ئېچىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى تەتقىق قىلىپ ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، ئېنىق تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. باش شۇجى مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار جەزمەن خەلق مەنپەئەتىنى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇشنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇشى، ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك؛ ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ پارتىيە ئەزالىرى جەڭگىۋار قورغانلىق رولىنى ۋە ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، كەڭ كۆلەمدە ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئاممىنى تەشكىللەپ، ئاممىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك؛ ۋاقىت بىلەن بەسلىشىپ، كېسەل ئالۋاستىسى بىلەن ئېلىشىپ، يۇقۇمنىڭ يامراش ۋەزىيىتىنى قەتئىي توسۇشى كېرەك؛ مەھەللىنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىكى توسۇپ زەربە بېرىش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش كۈچىنى مەھەللىگە چۈشۈرۈپ، مەھەللىدە تورلۇق ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى كۈچەيتىپ، بارلىق مەھەللىلەرنى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىكى مۇستەھكەم قورغانغا ئايلاندۇرۇشى كېرەك؛ كەڭ تېببىي خىزمەتچىلەر ئالاھىدە جاپاغا چىدايدىغان، ئالاھىدە جەڭ قىلالايدىغان روھنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، جەڭ سېپىدىكى مۇستەھكەم تۈۋرۈكلۈك رولىنى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك؛ تېخىمۇ مۇستەھكەم ئىشەنچ، تېخىمۇ قەيسەر ئىرادە، تېخىمۇ كەسكىن تەدبىر ئارقىلىق، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىن ئىبارەت خەلق ئۇرۇشى، ئومۇمىي جېڭى، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىشى كېرەك.

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشتىكى تۈپ خاراكتېرلىك، پۈتۈن ۋەزىيەتلىك، ئاچقۇچلۇق مۇھىم، زور مەسىلىلەرگە ئىلمىي جاۋاب بېرىپ، ھازىرقى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە توغرا يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى، تۈپ مىزان بىلەن تەمىنلىدى.

يۇقۇم —— بۇيرۇق، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش —— مەسئۇلىيەت. تەشكىلات تارماقلىرى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، جەددىي ئورۇنلاشتۇرۇپ، تېزدىن ھەرىكەتكە كېلىپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىلىرى، رەھبىرىي كادىرلىرىنىڭ ئەمەلىي ئىستىل بىلەن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش كۈرەشىدىكى تۈرلۈك ئورۇنلاشتۇرمىلارنى ئىنچىكە، ئەمەلىي، جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولدى، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىگە ئومۇمىيۈزلۈك ئاتلىنىشىغا تۈرتكە بولدى.

چوڭ ئىش، قىيىن ئىشلاردا مەسئۇلىيەتنى نامايان قىلىش، خەتەرلىك پەيتتە خىسلەتنى گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە جايلار پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ يېتەكچىلىكىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنىڭ بىرىنچى سەپتە ئاتاكىغا ئۆتۈشىگە، ئەڭ ئالدىنقى سەپتە جەڭ قىلىشىغا تۈرتكە بولدى.

پارتىيە تەشكىلاتى تەسىس قىلىپ، زەربىدارلار ئەترىتى تەشكىللەش، قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش؛ دائىرىلەشتۈرۈپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئومۇمىيۈزلۈك رەتكە تۇرغۇزۇپ زىيارەت قىلىپ، يۇقۇم ئەھۋالىنى دەل جايىدا ئىگىلەش؛ رايون پارتىيە قۇرۇلۇشى سۈپىسىغا تايىنىپ، ئاممىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، ئاممىغا تايىنىپ، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش بىرىكمە كۈچىنى شەكىللەندۈرۈش؛ داۋالاش - ساقلىق ساقلاش سېپىدىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار، تېببىي خىزمەتچىلەرنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشتىكى ئاساسىي قوشۇنلۇق رولىنى جارى قىلدۇرۇش...

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تېببىي خادىملار ۋە مەھەللە خىزمەتچىلىرى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ مۇنداق بىلدۈردى ——

# يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى قىلچە بوشاشماي ياخشى ئىشلەيمىز

□ پۈتۈن تارانقۇ مۇخبىرلىرىمىز

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تېببىي خادىملار ۋە مەھەللە خىزمەتچىلىرى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ 2 - ئاينىڭ 12 - كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ مۇنداق بىلدۈردى: يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى ئەڭ كۈچەيدىغان ئاچقۇچلۇق باسقۇچتا، باشتىن - ئاخىر خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، باشتىن - ئاخىر ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنىڭ بىرىنچى سېپىدە چىڭ تۇرۇپ، سادىقلىق بىلەن ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىمىزنى تولۇق ئادا قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى قىلچە بوشاشماي ياخشى ئىشلەپ، قەتئىي تۈردە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىمىز.

«باش شۇجى شى جىنپىڭ: جاپالىق تىرىشىش ئارقىلىق، يۇقۇم ۋەزىيىتىدە پايدىلىق ئۆزگىرىش كۆرۈلدى، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىدە ئىجابىي نەتىجە - ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى، دېدى. بۇ بىزنى چوڭقۇر ئىلھاملاندۇردى، بىزنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش ئىشەنچىمىز ۋە ئىرادىمىزنى تېخىمۇ مۇستەھكەملىدى» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسى قىزىتما ئامبۇلاتورىيەسىنىڭ سېسترالار باشلىقى ۋاڭ لۇ. «مەن چوقۇم ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىمنى تولۇق ئادا قىلىپ، خىزمەتنى تىرىشىپ ئىشلەپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى كۆڭۈل قويۇپ ياخشى قوغدايمەن».

«بىز ھەربىر تۈردىكى خىزمەتنى، ھەربىر ھالقىدىكى ئىشنى جايىدا قىلىپ، مەھەللىنى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنىڭ مۇستەھكەم قورغىنىغا ئايلاندۇرىمىز» دېدى ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونى لۈيۈەن كوچىسى تەۋەلىك رايونى باشقۇرۇش كومىتېتى ساڭفاڭگۇ ئوتتۇرا يولى غەربىي مەھەللىسى پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى خەن لىپى.

ئالدىنى ئېلىش، قوغدىنىش تەشۋىقاتىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ساڭفاڭگۇ ئوتتۇرا يولى غەربىي مەھەللىسىدە كىچىك كانايلاردا تەشۋىق قىلىندى، تەشۋىقات لوزۇنكىلىرى ئېسىلدى، تەشۋىقات سۈرەتلىرى چاپلاندى، دوۋىينغا قىسقا سىنلار ئېلىندى، پايدىلانغىلى بولىدىغانلىكى تەشۋىقات ۋاستىلىرىنىڭ ھەممىسى قوللىنىلدى، ئاھالىلەر بەس - بەستە ئاۋاز قوشتى، ھەممە كىشى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشكە چارە - تەدبىر كۆرسەتتى، كۈچ قوشتى.

«بىز يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنىڭ بىرىنچى سېپىگە ئاتلىنىشنى ئەسلىي مەقسەت، بۇرچنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشنىڭ سىناق تېشى قىلىمىز.» ئاۋات ناھىيەسى ئاۋات بازىرى جىنشيۈۋ مەھەللىسى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى لى شىنچۈەن مۇنداق دېدى: يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى ئەڭ كۈچەيدىغان ئاچقۇچلۇق باسقۇچقا كىردى، مەھەللە كادىرلىرى ھەممىدىن ئاۋۋال ئاتاكىغا ئۆتۈپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى تەلەپ بويىچە ئەمەلىي، ئىنچىكە، جايىدا تۇتۇپ، ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىپ ۋە ئاممىغا تايىنىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنىڭ خەلق مۇداپىئە لىنىيەسىنى مۇستەھكەملىشى كېرەك.

يۇقۇم —— بۇيرۇق، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش —— مەسئۇلىيەت.

شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى 4 - شى دوختۇرخانىسى يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى، ئېغىر كېسەللەر تېبابەتچىلىك بۆلۈمى، جەددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى چېڭ لىن بۇ يىل 5 - ئايدا 55 ياشقا كىرىدۇ. يۇقۇم يۈزبەرگەندىن كېيىن، ئۇ ئىزچىل خىزمەت ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى، ئېغىر ئاغرىقلارغا بىرلىشىپ دىياگنوز قويۇپ، تەكشۈرۈپ داۋالاشقا يېتەكچىلىك قىلدى. خىزمەتداشلىرىنىڭ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ، ئۇنى ئۆيىگە قايتىپ ئارام ئېلىشقا دەۋەت قىلدى، ئەمما ئۇ: «كېسەلنى داۋالاپ ئادەم قۇتقۇزۇش دوختۇرنىڭ بۇرچى، گەرچە پېنسىيەگە چىقىش ئالدىدا تۇرساممۇ، ئەڭ ئاخىرقى بىر نۆۋەتلىك قاراۋۇللۇقنى ياخشى قىلمىسام بولمايدۇ» دېدى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## يولداش سېرجە ۋاپات بولدى

ئۆز خەۋىرىمىز جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەزاسى، جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك، 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يولداش سېرجە كېسەل سەۋەبىدىن داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي، 2020 - يىلى 2 - ئاينىڭ 12 - كۈنى سائەت 15تىن 50 مىنۇت ئۆتكەندە ئۈرۈمچىدە 77 يېشىدا ۋاپات بولدى.

يولداش سېرجە 1942 - يىلى 11 - ئايدا شىنجاڭ خوشۇت ناھىيەسىدە تۇغۇلغان، 1959 - يىلى 11 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، 1960 - يىلى 7 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن. 1959 - يىلى 11 - ئايدىن باشلاپ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ خوشۇت ناھىيەسى

(ئاخىرى 2 - بەتتە)




2 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، قەشقەر شەھىرىدىكى كۆكتات يەتكۈزگۈچى خادىملار ئولتۇراق رايوندىكى ئاھالىلەرگە كۆكتات يەتكۈزۈپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ نورمال تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى. □لى شۆ فوتوسى

## شىنجاڭ(بىڭتۇەنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)دا ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىققان ئاغرىق مىسالىدىن بىرى يېڭىدىن كۆپەيدى

### ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىققانلار جەمئىي 12گە يەتتى

ئۆز خەۋىرىمىز 2 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، شىنجاڭ(بىڭتۇەنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)دا ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىققان يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالىدىن بىرى يېڭىدىن كۆپەيدى، ئۇ ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى 47 ياشلىق ئەر ئاغرىق بولۇپ، 1 - ئاينىڭ 27 - كۈنى شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ماغدۇرسىزلىنىش ئالامىتى كۆرۈلۈپ، 1 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقۇملۇق كېسەللەر دوختۇرخانىسىدا ئايرىپ داۋالانغان، 1 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان. ئاپتونوم رايونلۇق قۇتقۇزۇش - داۋالاش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ دىياگنوز قويۇپ باھالىشى ئارقىلىق، دۆلەت سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ «يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى دىياگنوز قويۇپ داۋالاش لايىھەسى(سىناق 5 - نۇسخىسىنىڭ تۈزىتىلمىسى)»دىكى ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالىنى ئايرىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ۋە دوختۇرخانىدىن چىقىش ئۆلچىمىگە يېتىپ، ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىققان.

ھازىرغا قەدەر، شىنجاڭ (بىڭتۇەنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)دا ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىققان ئاغرىق مىسالى جەمئىي 12گە يەتتى.

## شىنجاڭدىكى كۆپلىگەن داۋالاش ئاپپاراتلىرى «توردا دىياگنوز قويۇپ»، ئۆيدە تۇرۇۋاتقانلارنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلىشىگە ياردەم بەردى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئۈرۈمچى، 2 - ئاينىڭ 16 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر فەن يىڭ)** يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنىڭ يېنىك ئالامەتلىرى كۆرۈلگەن ئاغرىقلارنىڭ كېسەل كۆرسىتىشىگە قولايلىق يارىتىش ئۈچۈن، شىنجاڭدىكى كۆپلىگەن داۋالاش ئاپپاراتلىرى «ئالاقە توردا دىياگنوز قويۇش» مەسلىھەت بېرىش مۇلازىمىتىنى يولغا قويۇپ، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىدىن گىرەلەشمە يۇقۇملىنىش خەۋپ - خەتىرىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تۆۋەنلەتتى.

يېقىندا، شىنجاڭ تېببىي داشۆسى قارمىقىدىكى 1 - دوختۇرخانا ئۈندىدار ئاممىۋى سۇپىسى «ئالاقە توردا دىياگنوز قويۇش» مەسلىھەت بېرىش مۇلازىمىتىنى يولغا قويدى. ئاغرىقلار كېسەللىك ئەھۋالىنى تەسۋىرلەش ئۇچۇرىنى يوللىغاندىن كېيىن، ئالاقىدار بۆلۈملەرنىڭ دوختۇرلىرى 24 سائەت ئىچىدە قوبۇل قىلىدۇ، ئاغرىقلار توردا دوختۇرغا ھەقسىز كېسەل كۆرسىتىپ، بىۋاستە مەسلىھەت سورىسا بولىدۇ.

يېقىندا كۈيتۇن شەھىرى ئاھالىسى دۇڭ خۇيخۇيىنىڭ بوۋىقى يۆتىلىپ، پوتلىسى توختىماي ئاققان، ئۇ بالىسىنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىشنى ئويلىسىمۇ، ئەمما گىرەلەشمە يۇقۇملىنىشتىن ئەنسىرىدى. ئۇ قانداق قىلىشنى بىلەلمەي مەھەللە سەھىيە

(ئاخىرى 2 - بەتتە)